


# ماگنىت مەيدانىغا ئوخشاش ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىنى مۇجەسسەملەش

## — چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شۆ چىن توغرىسىدا خاتىرە

□مۇخبىرىمىز جەزىرە نېسىپبېك

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە شۆ چىن ئىسىملىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى بار. ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ۋە مەسئۇلىيىتى خۇددى ئېنېرگىيەگە تولغان ماگنىت مەيدانىغا ئوخشاش ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەتراپىغا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى يارامىلىق بولۇشقا يېتەكلىدى.

شۆ چىننىڭ ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىسى ھەسەنجان غوپۇر مۇئەللىمىنىڭ مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلەنگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى شۆ چىن مۇئەللىمنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. ھاياتىمدىكى ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۇ مېنى توغرا يېتەكلىگەچكە، مېنىڭ بۈگۈنكىدەك نەتىجەم بولغان».

ھەسەنجان ھازىر چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى جاغىستاي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى. ئىلگىرى ئۆيىدىكىلەر ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلىيەلمىگەچكە، ئۇنىڭدا ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغىلى تاس قالغانىدى. شۆ چىن ھەسەنجاننىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە قايتا - قايتا بېرىپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىدى، كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشىگە ياردەم بەردى، ئۇنى ئۆزىگە ئىشەندۈرگەن، ئوچۇق - يورۇق قىلىپ ئۆزگەرتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۆ چىننى «ئاپا» دەپ چاقىرىشقا ئامراق، چۈنكى ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى ئانىسىغا ئوخشاش كۆيۈنىدۇ. 2016 - يىلى، شۆ چىن چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىققا مەسئۇل بولدى. بىر كۈنى، ئوقۇغۇچىسى جاڭ جىلەن تۇيۇقسىز شۆ چىنگە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە جاڭ جىلەننىڭ دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىنىشقا توغرا كەلگەن بولۇپ، جاڭ جىلەن ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ھېس قىلىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش خىيالىغا كەلگەنىدى.

جاڭ جىلەننىڭ دادىسى بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق، شۆ چىن ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. شۆ چىننىڭ ھەمراھلىقىدا جاڭ جىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى، ئۇ كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ.

شۆ چىن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلغان 34 يىلدىن بۇيان، ئىزچىل ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى.

2016 - يىلى، ئۇ دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە زامانىۋى ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى تەتقىقاتى»نى ئىلتىماس قىلدى، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇ تەتقىقات تېمىسى تاماملىنىدۇ. شۆ چىن مۇزىكا، گۈزەل - سەنئەت، تىياتىر، تەنتەربىيە قاتارلىق جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئەدەبىياتتىكى مول ۋە چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى شەرھلەشكە كۈچ چىقاردى.

2017 - يىلى، شۆ چىن چاپچالنىڭ تاغلىق رايونىدىكى مەكتەپ — قاينۇق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ مائارىپقا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى ھەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن تولۇقسىز 1 - يىللىقنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ مول ئوقۇتۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

2018 - يىلى، چاپچال تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە بارغاندىن كېيىن، شۆ چىن يىللىق بويىچە ئەڭ ناچار سىنىپ دەپ باھالانغان تولۇق 2 - يىللىق 9 - سىنىپنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ چىن كۆڭۈل ئارقىلىق چىن كۆڭۈلنى ئۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بوش ۋاقتى بولسىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار، ئائىلە باشلىقلىرىغا پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى سۆزلەپ، تەدرىجىي ھالدا ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئىنتىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىدى. بىر يىل ئىچىدە، باللار شۆ چىننىڭ ئوقۇتۇش سۈرئىتىگە يېتىشەلەيدىغان بولدى، قەدىمىي خەنزۇ تىلى ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشمۇ تەس ئىش ھېسابلانمايدىغان بولدى.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان 34 يىلدىن بۇيان، شۆ چىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى «ھەممەيلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىدىغان، ھەر ۋاقىت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولىدىغان، ھەممە يەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىغان» بولۇشقا تەربىيەلەپ ۋە تەسىر كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەدھىيە ناخشىسىنى پۈتتى.

«ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بۇ يولدا مەن قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىش بار» دېدى شۆ چىن.




# گۈزەل يۇرتنى قىزغىن سۆيۈپ، بىرلىكتە گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرايلى

□توقسۇ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم ئەمەرجان ئىمىن

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ياخشى چارۋىچىلىق مەيدانى...» «شىنجاڭ ياخشى» دېگەن بۇ ناخشىنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. مەن بىر شىنجاڭلىق بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن، چۈنكى بۇ يەردە مۇنبەت تۇپراق، مول بايلىق ۋە مەھسۇلاتلار، گۈزەل مەنزىرىلەر، ئەمگەكچان خەلق بار. ۋاقىت ئۇچقاندەك، يىللار ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ، ئاچقۇچە مېنىڭ توقسۇ ناھىيەسىگە خىزمەتكە كەلگىنىمگە سەككىز يىلدىن ئاشتى، بۇ يەر مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم بولۇپ قالدى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇرتۇمنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەت مۇھىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى گۈزەللەشتى.

مەن ئونسۇ ناھىيەسىدە چوڭ بولغان، 2011 - يىلى 7 - ئايدا توقسۇ ناھىيەسىگە كېلىپ خىزمەت قىلدىم. پۈتۈن ناھىيەدىكى 200 مىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، ھازىر توقسۇ ناھىيەسىدە كۈندىن - كۈنگە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. گۈللەر ئېچىلىپ، ئوت - چۆپلەر ياشىرىپ، ھاۋا ساپلاشتى؛ قىز - يىگىتلەرنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ، ھەممىلا جاي قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى؛ قاتار - قاتار بىنالار قەد كۆتۈرۈپ، بۇرۇنقى كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئىزناسى قالمىدى؛ تۈپتۈز ئاسفالت يوللار ھەربىر ئائىلىگە تۇتاشتى، سىرتقا چىققاندا ھەرگىزمۇ لاي - پاتقاق كەچمەيدىغان بولدۇق؛ مۇزىكىلىق فونتان، خېزى مەيدانى، دۇخۇشۇيۈن قاتارلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ھۆسن قوشتى، ئاممىنىڭ چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى. سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن يەنە توقسۇغا قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى: «ئۆزگىرىش بەك چوڭكەن، تونۇيالماي قالدۇق» دېيىشىدۇ. ئاما چىن قەلبىدىن: «توقسۇدىكى ئۆزگىرىشلەر بەك كۆرۈنەرلىك بولدى، بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەمىز ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستى، تۇرمۇشىمىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن ياخشى!» دەپ ماختىدى.

«يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئىقتىساد راۋاجلاندى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى، قىياپەت ئۆزگەردى. بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدىن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلىشىدىن، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشقانلىقىدىن، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يەڭگەنلىكىدىن بولدى. بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا مۇتلەق سادىق بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت بەنزىسىنى يېتەكلەپ باش نىشانىنى چۆرىدەپ، «مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش» خىزمەت باش رىتىمىنى چىڭ ئىگىلەپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى ياخشى قىلىپ، «ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «توققۇز تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمەن.

گۇ شۇمبېي:

# ئىتتىپاقلىق تۇرمۇشىمىزنى بالدەك تاتلىق قىلدى

□مۇخبىرىمىز جەزىرە نېسىپبېك

«شاگىرتلىرىم ناھايىتى ئىشچان، ئۇلارنى كۆپرەك پۇل تاپقۇزۇپ، ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم» دېدى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى غۇلجا ناھىيەسى ئۈچئۈن خۇيزۇ يېزىسى توخۇچىيۇزى كەنتى ۋۇيۇ شۇمبېي كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى گۇ شۇمبېي.

34 يىل ئىچىدە، گۇ شۇمبېي 3000دىن ئارتۇق ھەر مىللەت شاگىرتىغا تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ھەقسىز ئۆگەتتى، ئۇلارغا تىكىش ماشىنىسى سوۋغا قىلدى، ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللىدى.

1985 - يىلى، ئانىسىدىن ئۆگەنگەن تىككۈچىلىك تېخنىكىسىغا تايىنىپ، گۇ شۇمبېي 40 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىك تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتى. ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق، 2016 - يىلى، ئۇ دۇكىنىنى 1400 كۋادرات مېتىرلىق چوڭ زاۋۇتقا كېڭەيتتى.

توخۇچىيۇزى كەنتى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان چوڭ ئائىلە. كىچىكىدىنلا ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىدىغان، ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان كەيپىياتتا ياشىغاچقا، گۇ شۇمبېيدىمۇ قىزغىن، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان قەلب يېتىلگەن.

بۇ يىل 30 ياشقا كىرگەن ھاشگۈل تۇرسۇن 16 يېشىدىن باشلاپ گۇ شۇمبېيغا ئەگىشىپ تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. ھاشگۈلنىڭ سول پۇتى مېيىپ بولغاچقا، گۇ شۇمبېي ئېرى بىلەن توپتوغرا ئون يىل تاكى ئۇ ياتلىق بولغۇچە ئۇنى ئاپىرىپ ئەكەلگەن. بۇ يىل، گۇ شۇمبېي ھاشگۈلگە ئېلىپ بەرگەن كونا تىپتىكى تىكىش ماشىنىسىنى باھاسى 2000 يۈەندىن ئاشىدىغان توكلۇق تىكىش ماشىنىسىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى ھەم ئۆيىدە بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ھەم زاكازنى تاماملاش شارائىتىغا ئىگە قىلدى.

گاس - گاچا شاگىرتى سوچىڭنىڭ تېزرەك تېخنىكا ئۆگىنىپ پۇل تېپىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، گۇ شۇمبېي بارماق تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا قولمۇقول تېخنىكا ئۆگەتتى، بۈگۈنكى كۈندە، سوچىڭ گۇ شۇمبېينىڭ زاۋۇتىدىكى تېخنىكا تايانچىسى بولۇپ قالدى.

جانار رامازان بىلەن ئېرى ئىلگىرى ئىشلەمچىلىككە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى، مۇقىم تۇرالغۇسى يوق ئىدى. گۇ شۇمبېي جانارغا تېخنىكا ئۆگەتتى، گۇ شۇمبېي يەنە پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆي ئىجارە ئېلىپ بەردى، ئۇسكۇنە ئېلىپ بېرىپ، تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، جانار يېڭى ئۆي سالدى، تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر ئۇمۇ ئۇستىسىغا ئوخشاش ھەقسىز ماھارەت ئۆگىتىپ، 60 نەچچە ھەر مىللەت شاگىرتنى تەربىيەلەپ چىقتى.

«بىز ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتىدىغان چوڭ ئائىلىدە ياشايمىز، كۈنلىرىمىز بالدەك تاتلىق ئۆتۈۋاتىدۇ» دېدى گۇ شۇمبېي.

تىككەن كىيىملىرىنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىك بولغاچقا، گۇ شۇمبېينىڭ زاۋۇتىنىڭ بارغانسېرى نامى چىقتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ماركىسىدا كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىش ئويى پەيدا بولدى.

«ۋاكالىتەن پىششىقلاپ ئىشلىگەندە ئاز پۇل تاپىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ماركىسى بولسا، شاگىرتلىرىم تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدۇ» گۇ شۇمبېي شۇنداق ئويلىدى.

ئادەتتە زاۋۇتنى باشقۇرۇشتىن باشقا، گۇ شۇمبېينىڭ يەنە نۇرغۇن ئىشى بار. ئەمما ئۇ يوق چاغلاردىمۇ، زاۋۇتتىكى ئىشلار يەنىلا تەرتىپلىك يۈرۈشىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزئارا ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتىدۇ.

زاۋۇتتىكى ھەربىر ئىشچى گۇ شۇمبېينى ئۆز ئاچىسىدەك كۆرىدۇ، خىزمەتچىلىرى تىلغا ئېلىنسا، گۇ شۇمبېينىڭ گەپ - سۆزلىرىدىنمۇ ئۇلارغا ئامراقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. «بۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپىمدىكى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم قىلىمەن» دېدى گۇ شۇمبېي.

# ئالىمجاننىڭ كىچىك تاللا بازىرى بەختكە يول ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■ سودىنىڭ ياخشىلىقىدىن يېتىشەلمەي قېلىش

«ئالىمجان، مەن ئۈچ بوتۇلكا مىنېرال سۇ، ئىككى بوتۇلكا كولا ئالىمەن، ھېسابلاپ بېقىڭ، قانچە پۇل بولىدۇ؟» «ئالىمجان، بۇ ئىككىلىك كود سىزنىڭمۇ؟ مەن كودنى سىكانىېرلاپ پۇل تاپشۇردۇم ھە.» «ئالىمجان، بۇ دۇكاندا يۈز چاپلاق بارمۇ؟ مەن ئالاي دېگەن» چۈش ئەمدىلا ئۆتۈشكە، دۇكان ئىچى ئالدىراشچىلىققا تولۇپ كەتتى، خېرىدارلار پات - پاتلا پۇل ئېلىش پوكىيىگە كېلىپ ھېسابات قىلاتتى.

ئالدىراشچىلىقتا يېتىشەلمەي قالغاندا، ئۇ ئوغلىنى پۇل ئېلىشقا ياردەملەشتۈردى. «دۇكاندىكى ماللارنىڭ قانچە پۇلغا سېتىلىدىغانلىقىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ بىلىدۇ.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: ئوغلۇمنىڭ پۈتۈڭخۇاسى مېنىڭكىدىن ياخشى، يازلىق تەتىلدىكى بوش ۋاقىتلىرىدا بالام كېلىپ ياردەملىشىدۇ.

ئالىمجاننىڭ تاللا بازىرىدا تۈرلۈك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر، كۈندىلىك بۇيۇملاردىن باشقا يەنە يۈز چاپلىقى، جەۋھەر مېيى، يۈز مەلھىمى قاتارلىق گىرىم بۇيۇملىرىمۇ بار. ئەگەر ئالىمجاندىن ئۆزىنىڭ دۇكىنىدا قانچە خىل مال بارلىقىنى سورىسىڭىز، ئۇ «تۈرى بەك كۆپ، يېڭى ماللار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتىدۇ» دەپ ئۆزىمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.

«دۇكاندىكى ماللار ئۈرۈمچىدىن كىرگۈزۈلگەن، ھەممىسى خوتۇنۇم تاللىغان.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: ھازىر دۇكانغا مال كىرگۈزۈشنىڭ ھەممىسىگە خوتۇنۇم ھەببە مەتسىدىق مەسئۇل. ئالىمجان ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ھازىر خوتۇنۇم ئۆيىمىزدە يېرىم دۇنيا، ئۆينىڭ ئىشى بولسۇن ياكى سىرتنىڭ ئىشى بولسۇن ئۇ ھەممە ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدۇ.

ھەببە كۆڭۈلدىكىدەك ماللارنى كۆرگەندە، ئالىمجانغا سۈرەتكە ياكى سىنغا تارتىپ يوللاپ بېرىدۇ. «بۇلار ئۇ ئۈرۈمچى توپ تارقىتىش بازىرىدا كۆرگەن بىر نەچچە خىل پاسوندىكى پايپاقلار، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھاۋا سوۋۇپ كېتىدۇ، يەنە كۈزلۈك ۋە قىشلىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىرگۈزۈش كېرەك.» ئالىمجان بىر تەرەپتىن مۇخبىرلارغا يان تېلېفونىدىكى سۈرەتلەرنى كۆرسەتكەچ: ھەر كۈنى تاللا بازىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1000 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ، ھېيت - بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە 3000 يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ، دېدى. ھازىر ئۇنىڭ كەيپىياتى خۇددى دۇكاندىكى چوڭ ئەينەككە ئوخشاش يورۇق، سۈزۈك ئىدى.

### ■ ئىلگىرىكى كۈنلىرىم تولىمۇ خىرە

«ھازىر ئىلگىرىكى كۈنلىرىمنى ئەسلىسەم ئەقلىمگە سىغمايدۇ، ئۇ چاغلار خۇددى قەلبىمنى چاڭ - توزان قاپلىۋالغاندەك تولىمۇ خىرە ئىدى» دېدى ئالىمجان قولىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئالىمجان مەكتەپتە ئوقۇمىدى، ئاستا - ئاستا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدى.

ئىلگىرى ئالىمجان ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى، كېيىن ئۇ مۇزىكا «ئالۋاستىنىڭ ئاۋازى» دېگەننى ئاڭلاپ، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان، ناخشا ئېيتمايدىغان بولۇپ قالدى، ھەر قېتىم دوستلىرى ئۇنى يىغىلىشقا چاقىرغاندا، ئۇ دەرھال رەت قىلاتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئۇ دوستلىرى بىلەن يىراقلىشىپ كەتتى.

ئالىمجان ئىلگىرى كېرىيە ناھىيەسىدە ئۆي - زېمىن ۋاستىچىلىكى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى، ئەمما ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى بىلمىگەچكە، ھەر خىل ئۆي سودىسى ماتېرىياللىرىنى تولدۇرىدىغاندا قىينىلىپ قالاتتى، شۇڭا بەزى ئادەتتىكى خىزمەتلەرنىلا قىلاتتى.

«مەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، خوتۇنۇمنى نىقابلىق كىيىم كىيىندۈرۈپ، يۈزىنى ئورىتقۇزۇپ، باشقىلار بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەندىم.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: خوتۇنۇم قوشۇلمىسا، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشەتتىم، جېدەللەشكەندە قول تەگكۈزگىلى تاس قالاتتىم.

ئېرىنىڭ بارا - بارا پاتقاققا پېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەببە تىت - تىت بولدى. ئەڭ ئاخىر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەسىھەتى بىلەن ئالىمجان كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئىلگىرىكى ئويلىرىنىڭ خاتالىقىنى، نادانلىق ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي چۈشەندى.

«ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن يەنە ھازىر ئالاقە تورى دەۋرىگە كىرگەنلىكىمىزنى بىلدىم، شۇڭا ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىغا تىزىملاتتىم.» ئالىمجان ئېلېكترونلۇق سودىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن جەزمەن كومپيۇتېرغا پىششىق بولۇش كېرەكلىكىنى، شۇڭلاشقا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە تۈرلۈك كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى مەشغۇلاتىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىنى دېدى. مەسىلەن، سۈرەت تەھرىرلەش، تور بېتى تەھرىرلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئالىمجان زور كۈچ سەرپ قىلغانىدى. «مەن شۇ چاغدىلا كېيىن بىر تور دۇكىنى ئېچىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن تىجارەت قىلىشنى، دوستلىشىشنى قارار قىلغانىدىم» دېدى ئالىمجان.

### ■ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ خۇشاللىقى

ئالىمجان تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە ھەببە ئۆيى ئەتراپىدا تاللا بازىرى ئاچتى. ئالىمجان ئۆگىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، قانداق قىلىپ تاللا بازىرىنى ياخشى ئېچىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ، تېخىمۇ زور تەرەققىي قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

«نەرسىلەر بەك ئاز بولۇپ، تاللا بازىرىغا ئەسلا ئوخشىمايتتى، پەقەتلا بىر كىچىك دۇكان ئىدى. سودا كوچىسىغا جايلاشقان تاللا بازىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مال تۈرى ئاساسلىق كۈندىلىك بۇيۇملار بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ، تۈرى چوقۇم كۆپ بولۇشى كېرەك.» شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خوتۇنىغا مەسلىھەت سېلىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مال تۈرىنى كۆپەيتتى.

ئوخشاش چايدان بولسىمۇ ئىسسىق ساقلاش ئىقتىدارى ياخشى، سىرتقى كۆرۈنۈشى مودا بولغانلىرى قارشى ئېلىنىدۇ؛ ئوخشاش لۆڭگە بولسىمۇ يۇمشاق، راھەت، پاسونلىرى كۆپ بولغان تۈرلەر ياخشى سېتىلىدۇ. ئالىمجان دۇكاندا ئولتۇرۇپ، سودىسى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى.

ئېرىدىكى ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنغاندا، ھەببە ناھايىتى مەمنۇن بولدى. «ھازىر ئۆي ئىشلىرىنى بىللە قىلىمىز، خىزمىتىم ئالدىراش بولۇپ كەتسە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا تاماق ئېتىپ بېرىدۇ. مەن مال كىرگۈزگىلى كەتكەندە، دۇكاندىكى، ئۆيدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ بىر تەرەپ قىلىدۇ.» ھەببە مۇنداق دېدى: ئېرىم پۈتۈنلەي ئوچۇق - يورۇق بولۇپ كەتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشاللىقتا چۆمدۇق.

ئالىمجان مۇخبىرلارغا يېقىندا تور دۇكىنى كىنىشكىسى ئىلتىماس قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولسا، تېزلا تىجارەت باشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. «كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ھەر خىل دورىلىق چاي، گۈلقەنت، ھەسەل، قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى... قاتارلىق نۇرغۇن خاس مەھسۇلاتلىرى بار، تورغا چىقىرىلسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خېرىدارلار كۆرۈپ، مېنىڭ ماللىرىمنى سېتىۋالىدۇ.» ئالىمجان تورغا چىقارغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپەتسىز بولسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى خاس مەھسۇلات شىركەتلىرى بىلەن ئالاقىلەشكەنلىكىنى، مەخسۇس شۇ يەردىن مال كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تور دۇكىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئالىمجان ماللارنى بىر - بىرلەپ سۈرەتكە تارتىپ، ئاندىن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق سۈرەتلەرنى ئوڭشايدىكەن. «مەن تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگەنگەن ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىنىڭ ھەممىسى ئەسقاتتى» دېدى ئۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئالىمجان ئىلگىرىكى دوستلىرى بىلەن يىغىلىش ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇلار بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. ئالىمجان مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى دوستلۇقىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، ئىسراپ قىلىۋەتكەن كۈنلىرىمنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىمەن.